3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

شىنجاڭ ھېكايىسىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى سۆزلەيلى

—— 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

بىر ياخشى ھېكايە، بىرمۇنچە قائىدىدىن ئەلا. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتا، جەزمەن شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، پارتىيەنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان ئاكتىپ كۈچنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال-خۇرام ئىشلەۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشىنى مەردانىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك».

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىپ، ئاكتىپ كۈچنى زورايتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۆستۈرۈپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك.

بىزدە شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەيدىغان يېتەرلىك ئىشەنچ بار. 2-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە-ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، «كەشتە تىكىش» ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، ئەمىن ئۆي قاتارلىق بىرقاتار خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، خۇشال-خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ. ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ تەبەسسۇمىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر —— كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم بولغانلىقى، كۆڭلىنىڭ ئارامىغا چۈشكەنلىكى، بىرىكمە كۈچىنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقى، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈش، شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىش، شىنجاڭنى قۇرۇش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكى ئەكس ئەتتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشى شىنجاڭ ھېكايىسىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى سۆزلەشتىكى ئەڭ زور ئىشەنچ، شۇنداقلا كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيدىغان، كۈچنى مۇجەسسەملەيدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى.

شىنجاڭ تەرەققىيات داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، گۈللىنىش، تەرەققىيات ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىدىغانلىقىدەك كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان سەھىپە پۈتتى. شىنجاڭ ھېكايىسىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى سۆزلەشتە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال-خۇرام ئىشلەيدىغان بەختلىك تۇرمۇشىنى ياخشى سۆزلەش كېرەك. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان سەممىي غەمخورلۇقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى، شىنجاڭنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى كۆپرەك سۆزلەش ۋە ياخشى سۆزلەش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇش ھېكايىسى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ھېكايىسى... ھەربىر تەسىرلىك ھېكايىلەر ھەممە ئائىلىلەرگە تارقىلىپ، كاللىغا، قەلبكە ئورناپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىغا بۈگۈنكى تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشنى بىلدۈردى.

شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەش كېرەك. ھېكايە سۆزلەشتىكى ئاساسىي قوشۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەشۋىقات-ئىدىيە كادىرلىرى «ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق، قەلىمى ئۆتكۈر» بولۇشنى كۈچەيتىپ، ئامما چۈشىنەلەيدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، «لاي چاپلاشقان»، «شەبنەم چۈشكەن»، «ھورى چىقىپ تۇرغان» ماقالىلەرنى يېزىپ، پۇقرالار ياقتۇرىدىغان سىن سۈرەتلىرىنى تارتىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى تېخىمۇ «ئاممىغا يېقىن» قىلىپ، «كىشىلەر»نى تېخىمۇ جەلپ قىلىشى كېرەك. شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەشتە يەنە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، كۆپ خىل شەكىل ۋە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار ۋە گۈللىنىۋاتقان تاراتقۇلار بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتى، مەدەنىيەت-تەنتەربىيە مۇسابىقە ئىشلىرى پائالىيىتى، كىنو-تېلېۋىزىيە ناخشىسى قاتارلىق سەنئەت ئىجادىيىتى، «شىنجاڭ ياخشى جاي» ساياھەت تەشۋىقاتى قاتارلىق ۋاستىلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، ماسلىشىپ تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق تارقىتىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ ھېكايىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ياخشى سۆزلەش كېرەك.

شىنجاڭ زادى قانداق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھەممىدىن بەك سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەشتە تەپەككۇر يولىنى كېڭەيتىپ، ھەممە ئادەم «چۈشەندۈرگۈچى» دەيدىغان ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى، تەسىر كۈچى، تارقىتىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

ھەربىر شىنجاڭ ھېكايىسى خۇددى مەشئەلگە ئوخشاش ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتتى. شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەشتە، مەردانىلىك بىلەن، چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى بىلەن پارتىيەنى مەدھىيەلەپ، ۋەتەننى مەدھىيەلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارنى مەدھىيەلەپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى قايناق ھېسسىياتى بىلەن گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش، بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

(بېشى 2-بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ نەق مەيداندىكى چاۋجوۋ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسلىرىنىڭ بىرقانچە ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى.

«ھازىر بازار ئەھۋالى قانداقراق؟» دەپ سورىدى باش شۇجى.

«كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى، يېڭى ئۆيلەرنى بېزەشتە ياغاچ ئويمىلارنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئېھتىياج زور، بىرقىسىم كىچىك بۇيۇملارنىڭمۇ ناھايىتى بازىرى بار» دېدى چاۋجوۋ ياغاچ ئويمىچىلىقىنىڭ ۋارىسى جىن زىسۇڭ.

«بۇ مىللىي خاسلىققا باي نەرسە، خەلق ئارىسىدىكى بەخت تىلەكلىرى ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل ئىجادىي ئەسەرلەر ناھايىتى چوڭقۇر مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە، چوقۇم ئالقىشقا ئېرىشىدۇ!» دېدى باش شۇجى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ.

گۇاڭجى راۋىقىنىڭ ئاستىدا، 23 قەدىمي خاتىرە راۋىقى 51 قەدىمي كوچىنى تۇتاشتۇرغان بولۇپ، رەت-رەت دۇكانلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قەدىمي كوچا بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. «باش شۇجى ياخشىمۇسىز!» «باش شۇجى جاپا چەكتىڭىز!» ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمەي ياڭرىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ كوچا بويلاپ پىيادە مېڭىپ، سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەر بىلەن پات-پات سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى: «قۇرۇق، ھۆل مېۋە-چېۋىلەرنىڭ سېتىلىشى قانداقراق؟» «سىز بۇ كاۋاپ ئېلاننى ياخشى ئىشلەپسىز!» «دېڭىز قۇلۇلىسى قورۇمىسىنى مەن شيامېندىمۇ يەپ باققان، ناھايىتى يېيىشلىك!» «كالا گۆشى كۈملىچىنىڭ بىر قاچىسى ئون يۈەنكەن، بەك ئەرزانكەن!» «مەنمۇ گۈڭفۇ چېيى ئىچىشنى ياخشى كۆرىمەن، ئەپسۇس مېنىڭ ئۇنچە كۆپ ‹بىكار ۋاقتىم› يوقتە!» ... يۇمۇرىستىك گەپ-سۆزلەردىن كۆپچىلىك خۇشال كۈلۈشتى .

كۆپچىلىك باش شۇجىغا دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشتىن كېيىن، سودىنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن دۆلەت بايرىمى، جۇڭچيۇ قوش بايراملىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە سودىنىڭ ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

«1978-يىلى مەن چاۋجوۋغا كەلگەن، ئەينى چاغدا يول ياخشى ئەمەس ئىدى، گۇاڭجوۋدىن بۇ يەرگە كەلگۈچە ئاپتوموبىللىق بىر كۈن ماڭغانىدىم. بۈگۈن بۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىپ، چاۋجوۋنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىپ، كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم.» باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى: «چاۋجوۋ ئۇزاق تارىخقا ئىگە داڭلىق مەدەنىيەت شەھىرى. چاۋجوۋدا نۇرغۇن گۆھەر بار، چاۋجوۋ كەشتىسى، ياغاچ ئويما، چاۋجۇ تىياتىرى، گۈڭفۇ چېيى، چاۋجوۋ قورۇمسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىچە بولۇپ، تولىمۇ قىممەتلىك، ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز. بىز بۇ شەھەرنى ياخشى كۆرگەنىكەنمىز، ئۇنى ياخشى قوغدىشىمىز، ياخشى قۇرۇشىمىز كېرەك».

گۇاڭجى راۋىقىدا چەكسىز تومانلار ئىچىدىكى سۈرەت كەبى گۈزەل تاغ-دەريالارغا يىراقتىن نەزەر سالغىنىچە، باش شۇجى چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

چاۋجوۋ شەھىرىدىكى يولداشلار باش شۇجىغا شۇ جاينىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى تونۇشتۇردى: نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان گۇاڭجى كۆۋرۈكى «گۇاڭدۇڭ خەلقىگە كۆپ يار-يۆلەك بولۇپ كەلدى»، لېكىن بۇ ئارزۇنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاممىنى خاتىرجەم ياشاش، خۇشال-خۇرام ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى. چاۋجوۋ خەلقى پارتىيەگە رەھمەت ئېيتىدۇ، يېڭى دەۋرگە رەھمەت ئېيتىدۇ.

«ھەربىر دەۋردە ھەربىر دەۋرنىڭ ئىشىنى قىلىش كېرەك. ياخشى قىلىندىمۇ، ياخشى قىلىنمىدىمۇ، تۆھپىسى چوڭمۇ كىچىكمۇ، بۇنىڭغا تارىخ گۇۋاھ! كوممۇنىستلار چوقۇم خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ئىدى.

«بىز قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلايلى»

خەنجياڭ دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭغاندا، دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئورنى دەل شەنتوۋ شەھىرى.

10-ئاينىڭ 13-كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ شەنتوۋ شەھىرىدىكى كىچىك باغچە كەيپۇ رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

سودا پورتى مەدەنىيەت كۆرگەزمىخانىسىغا كىرگەندە، قويۇق تارىخىي تۈسنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

«غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ پاراخوت، زەمبىرەكلىرى بىزنىڭ دۆلەت دەرۋازىمىزنى ئاچتى، ئەينى چاغدا بىز پاسسىپ ئېچىۋېتىلگەندۇق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز مانا مۇشۇنداق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېچىۋېتىش، ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىشكە تاياندۇق.» قەدىمكىنى ئۆرنەك قىلغاندا ھازىرقىنى بىلگىلى بولىدۇ، دېدى باش شۇجى ئىنتايىن ھاياجان بىلەن.

چاۋشەن رايونى داڭلىق چياۋمىنلار يۇرتى. ئەينى يىلى شەنتوۋ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونىنى تەسىس قىلىشتا، خۇاچياۋلار بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش نەزەردە تۇتۇلغانىدى.

«يېڭى دەۋردە قانداق قىلغاندا ‹چياۋمىنلار› ماركىسىنى ياخشى ياراتقىلى بولىدۇ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلالايدىغان پىكىر يولى ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ خۇاچياۋلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئىلغار تېخنىكا ۋە يۇقىرى سەۋىيەلىك كەسىپلەرنى كىرگۈزۈش كېرەك. بولۇپمۇ شەنتوۋنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىشتا نېمىنى تۇتۇش كېرەكلىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، يولنى توغرا ماڭغاندىلا، ئۇزاققىچە بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، چوقۇم قالتىس نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىلھاملاندۇرۇپ.

چياۋمىنلار خەت-چەك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سارىيىدا، ساراي باشلىقى لىن چىڭشى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت-چەك يېزىش، خەت-چەك ئەۋەتىش، خەت-چەك يەتكۈزۈش، خەتكە جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ كونكرېت تەرتىپى، ھەممە توپ-توپ «چياۋمىنلار خەت-چەكلىرى»نىڭ ئارقىسىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

«بىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىيات، قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز قەلبىگە يۇرتنى پۈككەن، ۋەتەنگە رىشتە باغلىغان زور بىر تۈركۈم خۇاچياۋلاردىن ئايرىلالمايدۇ.» باش شۇجى چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «خۇاچياۋلارنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش. ئۇلار ياقا يۇرتتا جاپا-مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ، پۇت دەسسەپ تۇرغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ يۇرتى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى سېغىنىپ، بىر يۈەن بولسا بىر يۈەن، ئون يۈەن بولسا ئون يۈەن ئەۋەتىپ بەردى. مانا بۇ جۇڭگولۇقلار، جۇڭگو مەدەنىيىتى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو قەلبى».

كەيپۇ رايونىدىكى كوچىلار چياۋمىن يۇرتىدىكى قىزغىن شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن لىق تولغانىدى، كۆپچىلىك بەس-بەستە باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى، بەس-بەستە يان تېلېفوننى ئېلىپ ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىلەرنى سۈرەتكە تارتتى.

كوچا مەركىزىدە تۇرۇپ، قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمگەن كىشىلەر توپى ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە گۇاڭدۇڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدۇم، چاۋشەنگە كەلدىم، شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتىم، بۇنىڭدىكى مەقسەت دۆلەت ئىچى-سىرتىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدا داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى بوشاشماي تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاشتىن ئىبارەت. يۇرتداشلار، بىز قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلايلى!»

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 10-ئاينىڭ 15-كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

(بېشى 1-بەتتە)

دۆلەت سەھىيە ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى بىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا قاتناشتى.

لى بىن سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈش ئۇنىۋېرسال ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈش، مەخسۇس تېمىلىق ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىۋېرسال ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈشتە مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان-ۋەزىپىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى قاتارلىقلارغا قارىتا نۇقتىلىق ھەيدەكچىلىك قىلىنىدۇ، تەكشۈرۈلىدۇ. مەخسۇس تېمىلىق ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تىجارەت-سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ۋە تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىق تۆت جەھەتنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلىدۇ. مەخسۇس تۈر بويىچە ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈش كۈز، قىش پەسلىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش، 2019-يىللىق مەركەز خامچوتىنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم-چىقىمى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە چېتىلىدۇ. ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يىپ ئۇچىنى ئېلىپ بېرىپ، مەسىلىگە ئەگىشىپ مېڭىپ، مەسىلىنى كۆزلەپ تۈزىتىدۇ ھەم ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بىلەن ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى تەڭ تۇتۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: چوڭ ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇھىم، زور تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت باشتىن-ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىز سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، بۇ قېتىمقى چوڭ ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈشنى 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم، زور ئاچقۇچ، مۇھىم پۇرسەت بىلىپ، گوۋۇيۈەننىڭ چوڭ ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشىمىز، ماسلىشىشىمىز كېرەك. خىزمەتتىكى تەشەببۇسكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرمۇ تۈر چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە تۈزىتىپ، ھەربىر ئىشتا ئورۇنلاشتۇرما بولۇش، ھەربىر ئىشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش بولۇشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەنبە خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى، تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كۈچلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان-ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇندىشىمىز كېرەك. ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەرقلەرنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى راۋاجلاشتۇرۇپ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى-شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جارۇللا ھېسامىدىن، سۈن خۇڭمېي، لىيۇ سۇشې، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1-بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا، يىغىنغا قاتناشقان توققۇز ۋەكىل شەھەر تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش تەشۋىقات-تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىشقا دائىر يەرلىك نىزام تۈزۈش، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش كەسىپ زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە مەكتەپلەردە ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىشنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەقىل-چارە كۆرسەتتى. كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەھەر تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى.

تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى، ئىلمىي باشقۇرۇش، ئادەت يېتىلدۈرۈش، يانداش نىزام چىقىرىش قاتارلىق خىزمەتلەر پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنىڭ قەرەلدە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، دەسلەپكى نەتىجە-ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بىرقىسىم ئەزالار مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش تەشۋىقاتى سالمىقى زورايتىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىدىن خەۋەردار بولۇش نىسبىتى ۋە قاتنىشىش نىسبىتى تىرىشىپ ئۆستۈرۈلسە؛ تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىپ يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش كارخانىلىرى ياردەم تولۇقلىمىسى تەسىس قىلىنسا؛ شەھەر تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشقا دائىر مەخسۇس نىزام چىقىرىش خىزمىتى تېزلىتىلىپ، جەمئىيەت نازارەتچىلىكى كۆپ يول ئارقىلىق كېڭەيتىلسە؛ ئەخلەتلەرنى يىغىش-توشۇش مەشغۇلات قائىدىسى تۈزۈلۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش ئۆلچەم سىستېمىسى ئورنىتىلسا.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئاساسىنى بىرلىكتە سېلىپ، يېشىل تەرەققىيات يولىدا بىرلىكتە مېڭىپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىش كېرەك. تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشنى شەھەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم تۇتقىسى قىلىپ، مىقدارنى ئازايتىش، بايلىققا ئايلاندۇرۇش، زىيانسىزلاشتۇرۇشنى نىشان قىلىپ، تۈرگە ئايرىپ تاشلاش، تۈرگە ئايرىپ يىغىش، تۈرگە ئايرىپ توشۇش، تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش، بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىشتىن ئىبارەت بەش ھالقىنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى شەھەر مەھەللىلىرى، ئولتۇراق رايونلىرىدىن ئىبارەت بۇ «ئاساسىي جەڭ مەيدانى»غا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرنى كۈچەيتىپ، «تولۇق مۇھىم ئامىللىق، تولۇق قاپلايدىغان، پۈتۈن زەنجىرلىك» بولغان ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ تۈزەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىشقا دائىر تۈرلۈك نىزاملارنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك تۈزۈم-بەلگىلىملەرنى يانداشتۇرۇپ چىقىرىپ، قائىدە-تۈزۈم ئورنىتىش، ئۆلگە كۆرسىتىش-يېتەكلەش، تەشۋىقات-تەربىيە، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىش ئارقىلىق ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ تۈزەش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، «ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىشنى ئۆزىمىزدىن باشلايدىغان» ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۆپچىلىك ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن قاراتمىلىققا، مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىپ، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش مەقسىتىگە يەتتى. كۆپچىلىكنىڭ توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىلىرىنى ۋاقتىدا جەملەپ، رەتلەپ، پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپ، كېڭەشنىڭ نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم بەرگۈزۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھېسامىدىن يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىگە ئىنكاس قايتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىلھام سابىر باش تېمىلىق سۆز قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)